# ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پىكىر ئالماشتۇردى، نەق مەيداندا مەسىلىنى ھەل قىلدى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ئىلغاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشىنى كونترول قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم، ھازىر تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش تاماملانغان ئاساستا، ئەۋرىشكە ئېلىش بىلەن تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تېز قانات يايدۇرۇش كېرەك. كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭشەپ تەقسىملەشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، نەق مەيداندا ئەۋرىشكە ئېلىش، ئۇچۇر كىرگۈزۈش، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈش قاتارلىق ھالقىلارنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك تەشكىللەپ، تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا پۈتۈن شەھەر بويىچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىدا مۇتەخەسسىسلەر يۇقۇمنىڭ تارقىلىش يوللىرى، كېسەلنىڭ قوزغىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە تارقىلىش مەنبەسىنى جىددىي ئانالىز قىلىپ، تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىۋاتاتتى. چېن چۈەنگو مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: خىزمەت سۈرئىتىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ خەلق دوختۇرخانىسى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان بەلگىلەنگەن دوختۇرخانا، بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ۋە ھەر مىللەت تېببىي خىزمەتچىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتاتتى. چېن چۈەنگو دوختۇرخانىغا كېلىپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، داۋالاش كۈچلىرى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە دورا بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو جاپادىن قورقماي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يۇقۇمغا قارشى جەڭنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلانغان كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە رەھمەت ئېيتتى، ئۇلارغا ئۆز مۇداپىئەسىنى ياخشى ئىشلەپ، ساغلاملىقى، بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسى بويىچە، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللاپ، ياخشى ماسلىشىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە، خىزمەتلەرنى دەل جايىدا، تەرتىپلىك ياخشى ئىشلەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغدىشى كېرەك.

## شىنجاڭدىكى ئىككى شەھەر، ئالتە مەكتەپ دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتىپى بولۇپ تاللاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يېڭى دەرسلىكى، يېڭى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى يولغا قويۇش بويىچە بىر تۈركۈم دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتەپلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى ئىككى شەھەر، ئالتە مەكتەپ دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتىپى ئىسىملىكىگە تاللاندى.

بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي شەھرى، شىخەنزە شەھرى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بولۇپ تاللاندى. قاراماي شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 ـ شىسى خۇاشەن ئوتتۇرا مەكتىپى، شىخەنزە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئىبارەت ئالتە مەكتەپ ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتىپى بولۇپ تاللاندى.

ئىگىلىنىشچە، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتىپى قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىك ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئادەم تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر ئىكەن. ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتىپى قۇرۇلۇشى خىزمىتى بۇ يىلدىن باشلاپ تۈركۈمگە بۆلۈپ قوزغىتىلىدىكەن، ھەر تۈركۈم قۇرۇلۇشنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدىكەن.

مائارىپ مىنىستىرلىقى مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتەپلىرى «مائارىپ مىنىستىرلىقى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يېڭى دەرسلىكى، يېڭى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى يولغا قويۇش بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتەپلىرىنى تاللاپ بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، ئۆز جايىنىڭ، ئۆز مەكتىپىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەۋزەللىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دەرسلىك قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى، ئىمتىھان ئېلىپ باھالاش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە پائال ئىزدىنىپ، تاللاپ ئۆگىنىدىغان دەرسلىكلەرنى ئېچىش، دەرس تاللاپ سىنىپقا كىرىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتىنى باھالاشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق نۇقتىلىق ھالقىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي پائالىيەت ۋە ئەمگەك تەربىيەسى شەكلى، ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۈرنەك قىلىشقا، كېڭەيتىشكە بولىدىغان بىر تۈركۈم ئۈنۈملۈك تەجرىبە ۋە نەتىجىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئادەم تەربىيەلەش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىش، مەكتەپلەرنىڭ كۆپ خىللاشقان خاس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتەپلىرى يېڭى دەرسلىك بويىچە تەربىيەلەش بازىسى مەكتىپى قۇرۇلۇشىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ ئالماشتۇرۇش ياكى ئىش ئورنىدا ئۆگىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئاجىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە يېزا مەكتەپلىرىگە نىشانلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىمۇ مۇناسىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمى ئورنىتىپ، نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇنبەتلىكلىكىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسىنىڭ «دىرىجورلۇق تايىقى»لىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، كۆزگى بۇغداي ياردەم تولۇقلىمىسىنىڭ ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى، بۇغداي تېرىقچىلىقىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، ئەلا سۈپەتلىك كۆزگى بۇغداي تېرىقچىلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىندى، بۇغداي قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى مۇقىملىق ئاساسىدا ئاشۇرۇلۇپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشى سان ئېشىشتىن سان ۋە سۈپەت ئورتاق ئېشىشقا ئۆزگەرتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 1 مىليون 400 مىڭ توننىدىن ئارتۇق بۇغداي سېتىۋېلىنىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 580 مىڭ توننا ئاشقان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 2.41 يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ھەر كىلوگىرامىنىڭ 0.04 يۈەن ئۆرلىگەن؛ سۈپىتى ياخشى بۇغداينىڭ بازار ئېھتىياجى يۇقىرى، باھا ئېپادىسى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، شىندۇڭ 22 ـ نومۇرلۇق بۇغداينىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 2.75 يۈەن ئەتراپىغا يېتىپ، ئۇرۇقلۇق ئاشلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى سېتىۋېلىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 2.96 يۈەنگە يەتكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ما شۆيۈەن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىدە سېتىۋېلىش سۈرئىتى بۇلتۇرقىدىن تېز بولۇش، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى باھالىق بولۇشقا يۈزلىنىش كۆرۈنەرلىك بولۇش، بۇغداي سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن بىرقەدەر ياخشى بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر نامايان بولدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپىسىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلارنىڭ بازارغا كىرىپ سېتىۋېلىشىغا داۋاملىق ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئاشلىق ئوبوروت بازىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە ياخشى قىلىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، بازار ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاشلىق ـ ياغ بازىرىنى جانلاندۇرۇش، كۆپ مەنبەلىك سېتىۋېلىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كېۋەز، كۆممىقوناق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يازلىق ئېتىز پەرۋىشى خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ، مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس سېلىۋاتىدۇ. شۇ جايدىكى بۇغداي ئورۇش ماشىنىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى توغرا ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق يېڭىچە تىجارەت سۇبيېكتلىرىنىڭ كۈچىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ماشىنىلارنى تەقسىملەش خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ، بۇغداي ئورۇش ماشىنىلىرى بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يازلىق يىغىم ئېھتىياجىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قاندۇرۇۋاتىدۇ.

---



# شىنجاڭنىڭ «شېرىن تەمى» توردا ۋە تور سىرتىدا خۇش ھىد تاراتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ياخشى سېتىش يولى بولغاندىلا، دېھقانلار ياخشى نەپكە ئېرىشەلەيدۇ. توردا ۋە تور سىرتىدا تەڭ كۈچ چىقىرىش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەر نۇقتىدىن نۇقتىغا ياردەم بېرىش، توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ سېتىش بىلەن ئالدىراش بولۇش... يۇرتداشلارنىڭ مال تونۇشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئۆز كاراماتىنى كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردا سىجىل ياخشى سېتىلىشىغا كۈچ قوشتى.

### بالدۇر پىشىدىغان ئۈزۈمنى زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش جانلاندى

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى شىنجاڭ ۋوبو جۇڭيى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش بازىسىدا، 1000 مو بالدۇر پىشىدىغان ئۈزۈم پارقىراپ، كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى. بازارغا سېلىنغان بىر ھەپتىدىن بۇيان، 200 توننىدىن ئارتۇق سېتىلىپ بولدى.

ئىشچىلار پىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى ئۈزۈملەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ سېۋەتكە قاچىلاپ، ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدۇ. ئوراپ قاچىلانغان ئۈزۈملەر ئاپتوموبىلغا قاچىلانغاندىن كېيىن، بالدۇرلا زاكاز قىلغان شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى سودىگەرلەر تەرىپىدىن توشۇپ كېتىلىدۇ. سانجى شەھىرىدىكى سودىگەر شۆ لەيخۇ شۇ كۈنى ئۈزۈلگەن 30 توننا ئۈزۈمنى زاكاز قىلدى، «بۇنىڭغا ئوخشاش ئۈزۈمدىن قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك ئالىمەن. ئورگانىك ماددىسى يۇقىرى، قەنت تەركىبى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى، زاكاز قىلىشقا كېچىكىپ قالسام مال سېتىۋالالماي قالىمەن» دېدى شۆ لەيخۇ.

2018 ـ يىلى، قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى جۇڭيى دېھقانلار تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بۇ ناھىيەنىڭ يۈەنخۇسۈن بازىرى سەنگوڭخۇ كەنتىدىكى 1000 مو يەرنى ئوبوروت قىلىپ، يېڭى تېرىقچىلىق بازىسى ئېچىپ، شۇ يىلى يەنە شىنجاڭ ۋوبو جۇڭيى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، «شىركەت + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسى بويىچە تىجارەت قىلىپ، ئۈزۈمنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش، پىششىقلاش، سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان مۇكەممەل كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى. نۆۋەتتە، شىركەتنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش بازىسى 5400 موغا يېتىپ، 42 ئېغىز يېڭى پېتى ساقلاش ئىسكىلاتىغا ئىگە بولدى، ئامبار سىغىمچانلىقى 5000 توننا، يىللىق سېتىش مىقدارى 20 مىڭ توننا بولۇپ، ئۈزۈم ئۆستۈرىدىغان 150 ئائىلىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى چېن جىنكۇي مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىلقى ئۈزۈم كىشلەرنىڭ بەك ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق سودا سودىگەرلىرىمۇ ئالدىن زاكاز قىلىش سېپىگە قوشۇلۇپ، شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى سودا پۇرسىتىنى ئېلىپ كەلدى. «بۇ يىل مۆلچەرىمىزچە ئۆتكەن بىر قىسىم، ھەتتا يېرىمىدىن ئارتۇق ئۈزۈم ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق سېتىلىشى مۇمكىن».

### شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سېتىشنىڭ جانلىنىشىغا كۈچ قوشتى

بۇ يىل قومۇل شەھىرىدە بالدۇر پىشىدىغان قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ مو، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 60 مىڭ توننا بولدى، نۆۋەتتە سېتىلىش ئاخىرلىشاي دەپ قالدى.

«بۇ يىل 6000 توننىدىن ئارتۇق قومۇل قوغۇنى خېنەنگە سېتىلدى. ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىن كەلگەن ياخشى تەم خېنەن ئۆلكىسىدىكى نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى سودا سارايى، تاللا بازارلىرى، توپ سېتىش بازارلىرىدىكى ياخشى سېتىلىدىغان مەھسۇلاتقا ئايلاندى» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قومۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، خېنەن ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر گو جيۇڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا.

6 ـ ئاينىڭ بېشىدا، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى زىچ ئالاقىلىشىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، «ئالاقە تورى +دىن ياخشى پايدىلىنىش، توردا ۋە تور سىرتىدا ھەمتۈرتكە بولۇش، قومۇل قوغۇننى سېتىشقا ياردەم بېرىش» تەسەۋۋۇرىنى تېز سۈرئەتتە ھەردەكەتكە ئايلاندۇردى.

توردا داشياڭ يۇغۇرما تاراتقۇ گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ، يۈپىن تيەنشيا، جېىسى خۇيۇ قاتارلىق ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرىنى تەشكىللەپ، «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مۇھەببىتى چوڭقۇر قومۇل قوغۇنى تاتلىق» باش تېما قىلىنغان «خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بىۋاسىتە كۆرسىتىش بايرىمى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

تور سىرتىدا، جېڭجوۋ دەننىسى تۈرلۈك ماللار چەكلىك شىركىتى، خېنەن ۋەنباڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى، سوكې مۆلۈك باشقۇرۇش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قاتارلىق خېنەن كارخانىلىرىنى قومۇلغا تەكشۈرۈشكە بېرىپ، قوغۇنچى دېھقانلار بىلەن بىۋاسىتە سېتىش توختامى ئىمزالاشقا تەشكىللىدى.

قومۇل شەھىرىنىڭ ئېۋىرغول رايونى بوغاز يېزىسى بۇ قېتىمقى سېتىشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىدە ئاساسلىق نەپكە ئېرىشكەن جاي بولۇپ، 4000 توننىدىن ئارتۇق ساتتى. بوغاز يېزىسى خۇڭشەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى لى بىڭنىڭ تەسراتى چوڭقۇر بولدى: «خېنەندىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلارنىڭ ياردىمىدە، ئائىلىمىزنىڭ 100 توننىدىن ئارتۇق قوغۇنى بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سېتىلىپ بولدى، باھاسىمۇ ياخشى بولدى».

### بەنلى كاۋىسى توردا ياخشى سېتىلدى

كۇچا شەھىرى ئۇچچۆستەڭ يېزىسى دەرۋازا يار كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى چېڭ چاۋ تېرىغان «توردا ئالقىشلانغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى» بەنلى كاۋىسى ئۈزۈش مەزگىلىگە كىردى.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، چېڭ چاۋ نۇرغۇن قېتىملىق ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بەنلى كاۋىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يۇقىرى، ئۈنۈمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، كىرگۈزۈپ سىناق قىلىپ تېرىغان. دەسلەپتە تېرىقچىلىق تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، يوپۇرماقلار سارغىيىپ كاۋا چۈشمىگەن. كەنت كادىرلىرى ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى چېڭ چاۋغا ياردەملىشىپ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەشكە تەكلىپ قىلدى، چېڭ چاۋمۇ كۆپ تەرەپتىن مەسلىھەت سوراپ ئۆگەندى، بۇ يىل تېرىغان 30 مو بەنلى كاۋىسىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، مۆلچەرلىنىشچە، مەھسۇلات مىقدارى 30 تونناغا يېتىپ، ھەر تونناسىنىڭ ساپ پايدىسى 3000 يۈەن ئەتراپىدا بولىدىكەن.

«توردا ئالقىشلانغان كاۋىنى ئەڭ يېڭى ئېقىمدىكى سېتىش شەكلى بىلەن سېتىش كېرەك.» چېڭ چاۋ مۇنداق دېدى: توردا + تور سىرتىدا سېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋېيشىن، دوۋيىن قاتارلىق سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ كاۋىنى بېيجىڭ، شاڭخەي، گەنسۇ، جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا ساتىمەن، «يېڭى سېتىش ئەندىزىسى ناھايىتى قولايلىق، بىر يان تېلېفون بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، ياخشى تېرىسىلا سېتىشتىن غەم قىلمايمەن».

**(مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار شۇ چېڭشيۇ، يىن تىڭتىڭ، ۋاڭ ۋېن، خەن يۈلىن، ياڭ شيەنتاۋ)**